## 170799 ـ ئايالىنىڭ كېسەللىكى سەۋەبىدىن ھەجنى كېچىكتۈرسە بولامدۇ؟

### سۇئال

يولدىشىم شىركەت مەسئۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشى كۆپ ۋاقتى ناھايىتى قىس، شۇڭداقتىمۇ ئۇنىڭ يەنە بىر شېرىكى بولۇپ، ئۇنى ئورنىدا تۇرغۇزۇپ ھەج قىلىپ كەلسە كېلەلەيدۇ. لېكىن بۇ يەردە يەنە بىر قىيىنچىلىق بار، ئۇ بولسىمۇ مەن ھامىلدار، تەخمىنەن ھەجدىن ئالتە ھەپتە بۇرۇن بوشىنىمەن، ئاساسلىق مەسىلە، مېنىڭ سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، بەدىنىمنىڭ پەي ـ مۇسكۇللىرى ئاغرىيدۇ، ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايمەن، بۇ قىيىنچىلىق بالىنى تۇغقاندىن كېيىن تېخىمۇ زىيادە بولىشى مۇمكىن. ئائىلەمدە مېنىڭ ۋە باللىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان يولدىشىمدىن باشقا ھېچ قانداق يېقىنلىرىم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن يولدىشىم ھەجنى بۇ يىلدىن كېلەر يىلغا كېچىكتۈرسە، بۇ شەرىئەت رۇخسەت قىلغان ئۆزرە ھېسابلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

1−مۇسۇلمان كىشى قاچان ھەج قىلىشقا قادىر بولسا كېچىكتۈرمەستىن دەرھال پەرزھەجنى ئادا قىلىشى زۆرۈر.
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: پەرز ھەجنى ئادا قىلىشقا ئالدىراڭلار. ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئىمام ئەھمەد (2721). بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى ئىرۋائۇل غەلىلدە سەھىھ دەپ قارىغان(990).

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشى ئالدىرىسۇندېگەن بۇ ھەدىسنى ئەلبانيي سەھىھ ئەبۇ داۋۇتتا كەلتۈرگەن(1524).

2− ئەگەر ئايال كىشى يولدىشى پەرز ھەجنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلسا، ئۆيدە قارىغۇچىسى يوق سەۋەبلىك ھەقىقى شەكىلدە زىيانغا ئۇچراپ قالىدىغان بولسا، بۇنداق ھالەتتە يولدىشىنىڭ پەرز ھەجنى يەنە بىر يىلغا كېچىكتۈرۈشى دۇرۇس بولىدۇ.ئائىلە ـ باللىرىدىن ئەنسىرەپ قالغان كىشى ھەج قىلىشقا قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلانمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّـهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا﴾ قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى.[ئال ـ ئىمران 97−ئايەت].

لېكىن ئايالىنىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ياكى خىزمەتچى ئاياللاردىن بىرىنى تۇرغۇزۇپ قويۇشئىمكانىيىتى بولۇپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا يولدىشى ھەجگە بېرىپ، ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن،مەككە شەھىرىدە كۆپ تۇرماستىن دەرھال قايتىپ

كەلسە بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، يەنى ئايالى يولدىشىنىڭ ئۆز يېنىدا تۇرۇشىغا ئېھتىياجلىق بولسا، بۇنداق ھالەتتە ھەجنى كېچىكتۈرسە بولىدۇ، مانا بۇنىڭدەك ئەھۋاللاردا مەزكۇر كىشى ئۆزۈرلۈك ھېسابلىنىدۇ.

توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى